## 107780 ـ رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشنى ئۇنتۇپ قىلىپ، يەنە بىر رامىزان كىرسە قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا

### سۇئال

بىر كىشى رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشنى ئۇنتۇپ قىلىپ، يەنە بىر رامىزان كىرسە قانداق قىلىشى كېرەك؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

ئۇنتۇپ قىلىشنىڭ ئۆزرە ھېسابلىنىدىغانلىقى، ئۇ كىشىدىن گۇناھ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقى، بارلىق قائىدىسىزلىكتە جازالانمايدىغانلىقىغا ئالىملار ئىتتىپاققا كەلگەن. بۇ توغرىدا قۇرئان ـ ھەدىستە نۇرغۇن دەلىللەر كەلگەن، لېكىن ئۇلار ئۇنتۇپ قالغان كىشى جازالانمىسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە پىدىيە كېلەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئۆلىمالارنىڭ كۆز ـ قاراشلىرى ئوخشىمايدۇ.

بۇ يىل رامىزان كىرگىچە ئۆتكەن يىل رامزاندا قالغان روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغان كىشىنىڭ مەسىلىسىدە، ئۇ كىشى: ئالىملار ئۇ كىشىگە بۇ رامىزاندىن كېيىن ئۇ روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇش كېرەك، ئۇنتۇپ قىلىش بىلەن قازاسىنى قىلىش چۈشۈپ كەتمەيدۇ دېگەنگە ئىتتىپاققا كەلدى. لېكىن ئۇلار، قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە پىدىيە بېرىش يەنى كەمبەغەلگە يېمەك بېرىش مەسىلىسىدە ئىككى خىل قاراشتا بولدى:

بىرىنچى قاراشتىكىلەر: ئۇ كىشىگە پىدىيە بېرىش كېرەك بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنتۇپ قىلىش دېگەن ئۆزرە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن گۇناھ ۋە پىدىيە كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ دەيدۇ.  شاپىئى مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە بەزى مالىكى مەزھەپ ئالىملىرى بۇ قاراشتا بولدى. [ئىبنى ھەجەر ھەيتەمىينىڭ: "تۆھپەتىل مۇھتاج" ناملىق ئەسىرى 3-توم 445-بەت، "نىھايەتۇل مۇھتاج" ناملىق ئەسەرنىڭ 3-توم 196-بەت، "مەنھىل جەلىيل" ناملىق ئەسەر 2-توم 154-بەت، ۋە "شەرھى مۇختەسەر خەلىل" ناملىق ئەسەر 2-توم 263-بەتلەرگە قارالسۇن].

ئىككىنچى قاراشتىكىلەر: ئۇ كىشىگە قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە پىدىيە بېرىش كېرەك بولىدۇ، ئۇنتۇپ قىلىش ئۆزرە بولۇپ بۇنىڭ بىلەن پەقەت گۇناھ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ دەيدۇ.

بۇ شاپىئىي مەزھەپ ئالىملىرىدىن: خەتىب شىربىينىنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇ كىشى "مۇغنىل مۇھتاج" ناملىق ئەسىرىنىڭ 2-توم 176-بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئوچۇق مەسىلە، ئۇ كىشىدىن ئۇنتۇپ قىلىش بىلەن گۇناھ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، لېكىن پىدىيە كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ".

مالىكى مەزھەپ ئالىملىرىدىن بەزىسىمۇ بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرگەن. "مەۋاھىبۇل جەلىيل شەرھى مۇختەسەر خەلىيل" 2-توم 450-بەتكە قارالسۇن.

بۇ مەسىلىدىكى كۈچلۈك قاراش بولسا، ئاللاھ خالىسا بىرىنچى قاراشتۇر، ئۇنداق بولىشى بۇ توغرىدا ئۈچ تۈرلۈك دەلىل بايان قىلىنغان:

بىرىنچى: ئۇنتۇلۇپ قالغۇچىدىن جازانىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى توغرىسىدىكى ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ ئومۇم بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنۇتساق ياكى خاتالاشساق (بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىكتىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن.» [سۈرە بەقەرە 286-ئايەت].

ئىككىنچى: ئەسلىدە ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەتتىن پاك بولىشىدۇر، ئىنساننى دەلىلسىز ياكى بۇ مەسىلىنى كۈچلاندۇرىدىغان دەلىل بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇنىڭغا كاپارەت ياكى پىدىيە يۈكلەپ قويۇش توغرا بولمايدۇ.

ئۈچىنچى: ھەقىقەتەن پىدىيە مەسىلىسىدە، ئەسلىدە رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قەستەن كېچىكتۈرگەن كىشىگىمۇ پىدىيە كېرەك بولىدۇ، دېگەن مەسىلىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. ھەنەپىي ۋە زاھىرىي مەزھەپ ئالىملىرى پىدىيە كېرەك بولمايدۇ دەپ قارايدۇ.

ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھمۇ مۇشۇ قاراشنى تاللاپ، پىدىيە بېرىشنى ياخشى دەپ قارىغان، چۈنكى پىدىيە بېرىش بەزى ساھابىلاردىن يۈز بەرگەن بولۇپ، رەسمى دەلىل كەلمىگەن، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى زۆرۈر دەپ بېكىتىش كۈچلۈك قاراش ئەمەس. بولۇپمۇ ئاللاھ تائالا ئۆزۈرسىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەرگە بېكىتىش ئاجىز قاراشتۇر. 26865- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

جاۋاپنىڭ خۇلاسىسى: ئۇ كىشىگە ئۇنتۇپ قالغان رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولىدۇ. كەپپارەت بېرىش كېرەك بولمايدۇ، ئۇ كىشى رامىزاندىن كېيىن قازاسىنى قىلسا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.